# پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى

(بېشى 1-بەتتە)

قەھرىمان ۋەتەن، قەھرىمان خەلق ئىنسانىيەت تارىخىدا تىللاردا داستان بولغۇدەك يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش سەھىپىسىنى پۈتتى.

ئۈچ مىنۇت، 180 سېكۇنت، سىگنال ئاۋازى مۇقەددەس جۇڭخۇا زېمىنىدا ياڭرىدى.

بۇ مەيدان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشى — جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش تارىخىي مۇساپىسىدىكى يەنە بىر قېتىملىق مىسلى كۆرۈلمىگەن سىناق.

بۇ پەيتتە، خۇبېي، ۋۇخەن ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، كىشىلەر سۈكۈت بىلەن ئۆرە تۇرۇپ بېشىنى ئەگدى، ئىنتايىن قايغۇردى. ئاپتوموبىل، پويىز، پاراخوتلارنىڭ سىگنال - گۈدۈك ئاۋازى ئۇزاقچە ياڭرىدى.

قەھرىمانلار خاتىرجەم مېڭىڭلار!

بۈگۈن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى - شىمالىدا، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى - سىرتىدا، دۆلەت ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدە تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ قەھرىمانلارغا تەزىيە بىلدۈردى، خەلق ئەڭ چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن قەھرىمانلارنى ئۇزىتىپ قويدى.

قازا قىلغانلار خاتىرجەم يېتىڭلار!

بۈگۈن دەريالار نەرە تارتتى، تاغ-دەريالار قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمدى، ئانا ۋەتەننىڭ يۈرەك-باغرى ئېزىلدى، يۈز مىليونلىغان قېرىنداشلارنىڭ كۆز يېشى يامغۇردەك تۆكۈلدى.

ئالاقە تورىدا، دوستلار چەمبىرىكىدە، كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى، سېغىنىش ھېسسىياتى ئۈزۈلمىدى.

مەملىكەت بويىچە تەزىيە بىلدۈرۈش — قازا قىلغانلارغا نىسبەتەن ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە ياد ئېتىشتۇر، شۇنداقلا ھاياتلىققا بولغان كۆيۈنۈش ھەم قەدىرلەشتۇر.

بىر ۋۇخەنلىك شەھەر ئاھالىسى مۇنداق دېدى: بىز ئاشۇ قازا قىلغانلارنى ئۇنتۇپ قالمايمىز، قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە قايتا قەد كۆتۈرۈش ئۇلارغا بولغان ئەڭ ياخشى تەسەللىدۇر.

خۇبېيغا ياردەم بېرىش تىببىي داۋالاش ئەترىتىدىكى «90-يىللاردا تۇغۇلغان» بىر پارتىيە ئەزاسى مۇنداق دېدى: ئازاب ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىش، ئازاب ئىچىدە جاسارەتلىك بولۇش، مانا بۇ بىز بۇ مەيدان «يۇقۇم»غا قارشى جەڭدە قوبۇل قىلغان كۈچ - قۇۋۋەت.

ئەجدادلار ئەسلەندى، بۇ ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك مۇراسىمغا قان بىلەن گۆشتەك قېرىنداشلىق مېھرى مۇجەسسەملەنگەن، شۇنداقلا مەردانە قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان جاسارەت بىلەن ئىشلەش ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن.

قازا قىلغانلار خاتىرجەم يېتىڭلار، ھاياتلار جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيلى!

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، دۆلەت كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ھەمدە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى يېقىن ئەتراپتىكى خىزمەت ئورۇنلىرىدا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلار، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلار ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر بىلەن تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

---

(بېشى 1-بەتتە)

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا، چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتارلىقلار قايغۇلۇق ھېسسىياتتا ھۆرمەت بىلەن ئۆرە تۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىلەن بىرلىكتە ئۈچ مىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرۈپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارنى چەكسىز ياد ئەتتى ۋە ئۇلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، مەكتەپلەر قاتارلىقلاردا بايراق يېرىم چۈشۈرۈلدى، ئاپتوموبىل، پويىز، پاراخوتلار ھاۋا مۇداپىئە سىگنالى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا سىگنال-گۈدۈك چېلىپ، قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارغا تەزىيە بىلدۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدىكى رەھبىرىي يولداشلار يېقىن ئەتراپتىكى خىزمەت ئورۇنلىرىدا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر بىلەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارغا تەزىيە بىلدۈردى.

---

# ئاپتونوم رايونىمىز دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **سۈي يۈنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىل 4-ئاينىڭ 15-كۈنى دۆلىتىمىزنىڭ 5-قېتىملىق ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنى. 4-ئاينىڭ 3-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون 2020-يىللىق ئومۇمىي خەلق دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەربىيەسى كۈنى تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى چۆرىدەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى، ۋەزىپىسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتىنى پۇختا، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇشقا كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن ئورتاق تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىنىڭ ئالدىنقى سەپ بازىسى ۋە ئاساسىي جەڭ مەيدانى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختىيارلىق تۇيغۇسىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم، زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتىنى دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم تۇتقىسى قىلىپ، تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كونكرېت ھەرىكىتى قىلىپ، ئىشەنچ ۋە ئىرادىنى چىڭىتىپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنىڭ ئامما ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: تەشۋىقات خىزمىتىدە «ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىك ۋە غەيرىي ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش»تىن ئىبارەت بۇ باش تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەشۋىقات - تەربىيەنى ئۆزگىچىلەشتۈرۈپ، خاسلاشتۇرۇپ، تەزىملىكلەشتۈرۈپ، تەشۋىقات مەزمۇنىنىڭ يۇقىرىنىڭ سىياسىتىگە ئۇيغۇنلاشقان، تۆۋەندىكى ئاممىغا ماس كېلىدىغان، ھاياتىي كۈچكە ئىگە، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەيدىغان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەشۋىقات - تەربىيەسىنىڭ دائىملىشىشى، ئۇزاق ئۈنۈملۈك بولۇشى، ئومۇملىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى تەشۋىقات - تەربىيەسىنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

---

# پۈتۈن مەملىكەت قايغۇغا چۆمدى، ھەممە بىر نىيەتتە بولدى

(بېشى 1-بەتتە)

خۇبېي ۋۇخەندە، دەريا سۈيى ئاستا ئاقماقتا، چاڭجياڭ دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكىدىكى ئاپتوموبىللار تەڭ سىگنال چالدى. خەنكوۋ جياڭتەندىكى يېۋەن مەيدانىدا، دەل - دەرەخلەر بۈك - باراقسان ئۆسكەن بولۇپ، قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، تىببىي خادىملار، مەھەللە خىزمەتچىلىرى، پىدائىيلار قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى 500 كىشى مەيدىسىگە ئاق گۈل تاقاپ تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى، ھەممەيلەن بىرلىكتە ھۆرمەت بىلەن ئۆرە تۇرۇپ سۈكۈتتە تەزىيە بىلدۈردى.

لەنجوۋدا، خۇاڭخې دەرياسى قىرغىقىدىكى گەنسۇ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزى مەيدانىدا، ھەر ساھە ۋەكىللىرىدىن 300گە يېقىن كىشى كوللېكتىپ تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى. خۇاڭخې دەرياسىدىكى ئۈچ كېمە دەريا ساھىلىدىكى يول بويىغا توختىتىپ قويۇلغان ئاپتوموبىللار بىلەن تەڭ گۈدۈك - سىگنال چالدى.

نەنجىڭدا، يۈخۇاتەي ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارى مەيدانىدا، كىشىلەر قارا كىيىم كىيىپ، سېرىق جۇخارگۈلى تۇتۇپ، يۇقۇمدا قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارنى قايغۇ بىلەن ياد ئەتتى. خاتىرە مۇنارىغا تۇتىشىدىغان پەلەمپەيدە، سېرىق ۋە سۆسۈن رەڭلىك گۈللەردە «ياد ئېتىش» دېگەن سۆز تىزىپ چىقىلغانىدى.

چېڭدۇدا، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىن مەركىزى قورۇسىدا، «سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىدا قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى» دېگەن خەت يېزىلغان قارا رەڭلىك تاختاي ھەيۋەتلىك ھەم سۈرلۈك ئىدى.

…

«مەن سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى بىلمەيمەن، بىراق سىزنىڭ كىم ئۈچۈن قىلغانلىقىڭىزنى بىلىمەن.» يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كەسكىن كۈرەشتە، بىر تۈركۈم تىببىي خادىملار، كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، مەھەللە خىزمەتچىلىرى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، ئۇلار زىمىستاننى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، كىشىلەرگە باھار ئاتا قىلدى. قارشى يۆنىلىشتە ماڭغان قەھرىمانلار ھاياتى بەدىلىگە تېخىمۇ كۆپ قېرىنداشلىرىنى قوغدىدى ۋە قۇتقۇزدى، ئۇلارنىڭ ئىسمى دۆلەت تارىخىغا يېزىلدى، پۇقرالارنىڭ قەلبىگە ئورنىدى.

شېنياڭدىكى لياۋنىڭ سارىيىدا، خۇبېي شياڭياڭغا نىشانلىق ياردەم بەرگەن لياۋنىڭ داۋالاش ئەترىتىنىڭ 100دىن ئارتۇق ئەزاسى 4-ئاينىڭ 4-كۈنى تىببىي ئايرىۋېتىشنى ئاياقلاشتۇرغانىدى. سائەت 10دا، ئۇلار ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېتىدىغان يۈك - تاقلىرىنى يۆتكەشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، مېھمانخانا مەيدانىدا سەپ تۈزۈپ، يۇقۇمدا قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارغا سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈردى.

1995-يىلى تۇغۇلغان سېسترا ۋاڭ يۈيەن شياڭياڭدا 40 كۈنگە يېقىن جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغان. ئۇ مۇنداق دېدى: «ھەربىر ھاياتلىقنىڭ ھەممىسى قىممەتلىك. پېشقەدەملەرنىڭ بىزنى باتۇرلۇق بىلەن ياردەم بېرىشكە يېتەكلىشى ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈندۇر. بۈگۈن قازا قىلغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قېرىنداشلارغا مەملىكەت بويىچە تەزىيە بىلدۈرۈلدى، بىز قەلبىمىزدىكى قايغۇ بىلەن ياد ئېتىشنى بىرلىكتە ئىپادىلەيمىز».

4-ئاينىڭ 4-كۈنى سەھەردە، تەخمىنەن 800 شەھەر ئاھالىسى بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىغا كەلدى. شەھەر ئاھالىسى شۇ ئەپەندى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلىنى ئېلىپ كېلىپ مۇراسىمغا قاتناشتى. «تارىخنىڭ ئۇزاق ئېقىمىدا ھامان ئۆزىنىڭ ئامانلىقىغا قارىماي، دۆلەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان قەھرىمانلار مەيدانغا كېلىدۇ، شۇڭا مىللىتىمىز بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلىشالىغان» دېدى ئۇ بالىسىغا ئەستايىدىللىق بىلەن.

«نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان، قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ روھى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلمەكتە، قىزىل گېن ئىزچىل قان تومۇرىمىزدا ئاقماقتا». نەنجىڭ يۈخۇاتەي ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاۋ يۈگېن مۇنداق دېدى: بىز سۇ ئىچكەندە مەنبەنى ئويلاپ، كەلگەن يولىمىزنى ئۇنتۇماي، ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، كەلگۈسى ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

جۇڭخۇا مىللىتى تەرەققىياتىنىڭ ئۇزاق ئېقىمىدا، ھامان بىر قىسىم كىشىلەر تارىخنىڭ مۇھىم، زور تۈگۈنىدە بىر دۆلەتكە، ھەتتا نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇلار ئۆز ھاياتى بەدىلىگە باشقىلارنى قوغدايدۇ. قەھرىمانلارغا بولغان ئەڭ چوڭ تەسەللى تەزىيە بىلدۈرۈش، ياد ئېتىش بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ۋارىسلىق قىلىش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا قەھرىمانلارنىڭ روھى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەرنىڭ ئايىقىغا كۆز يەتمەيدۇ، دەريا - ئېقىنلار بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ يىراققا ئېقىپ ئۇپۇققا تۇتىشىدۇ. قازا قىلغان ھەربىر ھاياتلىق 1 مىليارد 400 مىليون كىشىنىڭ ھەممىسىگە نىسبەتەن ئورتاق مەھرۇم قېلىش ھېسابلىنىدۇ. چىڭمىڭدىن ئىبارەت بۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسىدىكى ئەجدادلارنى ئەسلەيدىغان كۈندە، پۈتۈن مەملىكەت بىرلىكتە تەزىيە بىلدۈرۈپ، يۇقۇمدا بىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغان ھەربىر ھاياتلىقنى ھەيۋەتلىك ئۇزىتىپ قويدۇق.

خەنكوۋ جياڭتەننىڭ يېۋەن مەيدانىدىكى تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىدە، ۋۇخەن شەھىرى سەنياڭ مەھەللىسىنىڭ 36 ياشقا كىرگەن مۇدىرى دېڭ لىڭخاۋ تىببىي خادىملار، مەھەللە خىزمەتچىلىرى، پىدائىيلار قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارنى ياد ئەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۈگۈن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا قاتناشقان بىرىنچى سەپتىكى خىزمەتچى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتىم، قەلبىم ئىنتايىن ھەسرەتكە تولدى، قازا قىلغانلارنىڭ خاتىرجەم يېتىشىنى، ھاياتلارنىڭ قەيسەر بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مېيخۇاگۈلى ۋۇخەننىڭ شەھەر گۈلى. جۇڭگو مەدەنىيىتىدە مېيخۇاگۈلىنىڭ قىرۇۋ، قاردىن قورقماس خىسلىتى بار. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە، كىشىلەر بۇ قەھرىمان شەھەرگە، باتۇر ھەم ئاق كۆڭۈل خەلققە گۇۋاھ بولدى، ھاياتلىقنىڭ قەيسەرلىكى ۋە تىز پۈكمەسلىكىگە گۇۋاھ بولدى، نۇرغۇنلىغان ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تاقابىل تۇرۇشىغا گۇۋاھ بولدى. ئۇلار سۆيگەن ۋە سۆيۈلگەن، تۇرمۇش كەچۈرگەن، ھاياتلىق ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ۋە جاسارىتى كەلگۈسىدىكى باھار، ياز، كۈز، قىشنىڭ ھەربىر كۈنىدە ئائىلە ۋە دۆلەت تەرىپىدىن مەڭگۈ ياد ئېتىلىدۇ.

سىچۈەن ئۆلكىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىكى گۇ شياۋخۇي قاتارلىق تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشقان كىشىلەر مۇنداق دېدى: دۆلەت ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدە تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ قەھرىمانلارغا تەزىيە بىلدۈردى، خەلق ئەڭ چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن قەھرىمانلارنى ئۇزىتىپ قويدى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تەزىيە بىلدۈرۈش — قازا قىلغانلارغا نىسبەتەن ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە ياد ئېتىشتۇر، شۇنداقلا ھاياتلىققا بولغان كۆيۈنۈش ۋە قەدىرلەشتۇر. جۇڭگو خەلقى ئەزەلدىن جاپا - مۇشەققەت ئالدىدا باش ئەگمىگەن، لېكىن بىز قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قازا قىلغان قېرىنداشلارغا باش ئېگىپ سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىمىز، قەلبىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئېھتىرام بىلدۈرىمىز ۋە ياد ئېتىمىز.

4-ئاينىڭ 4-كۈنى سەھەردىن باشلاپ، مەركەز ۋە يەرلىكتىكى تاراتقۇلار بەس - بەستە تور بېكەتلىرى، ئابونچىلار تېرمىنالى، مىكرو بىلوگ بەتلىرىنى ئاق - قارا رەڭدە تەڭشىدى، ئارقىدىن تەزىيە بىلدۈرۈش سۈرەتلىك تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلدى. بۇ كۈنى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى توختىتىلدى. تورداشلار يان تېلېفون ئېكرانىغا «يېنىپ تۇرغان» شامنى چىقىرىپ، سۆز قالدۇرۇپ قايغۇ بىلەن سېغىنىشنى ئىپادىلىدى:

— قازا قىلغانلارنى سېغىنىش ھېسسىياتىمىز بىلەن، ھاياتلىقنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشىنى كۈتۈۋالايلى؛

— بىز ئۆزىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزىمىز، بۇ جەڭنى ئۇنتۇپ قالمايمىز؛

— تۆلەنگەن بارلىق بەدەللەر ئۈچۈن، بارلىق سۆيگۈ ۋە ئۈمىدلەر ئۈچۈن؛

— قازا قىلغانلار خاتىرجەم يېتىڭلار، قەھرىمانلار خاتىرجەم مېڭىڭلار، سىلەر بولغاچقا ۋەتىنىمىز ئاندىن قۇدرەت تاپىدۇ؛

— ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلساق، بۇ، تۇغقانلىرىمىزنى ئەڭ ياخشى ياد ئېتىشتۇر، شۇنداقلا ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭقۇر تەسەللىدۇر؛

— ئاق كۆڭۈللۈك ۋە باتۇرلۇقنى ئەستە چىڭ ساقلايلى، 1 مىليارد 400 مىليون كىشى يىلتىزداش، قەلبداش؛

…

تەبىئەت دۇنياسىدىكى يېشىللىق ھاياتلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ مەيدان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشى — جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش تارىخىي مۇساپىسىدىكى يەنە بىر قېتىملىق مىسلى كۆرۈلمىگەن سىناق. دەھشەتلىك دولقۇنلۇق يىللارنى باشتىن كەچۈردۇق، تارىخ دۆلەتنىڭ ھاياتلىققا بولغان ھۆرمىتىنى ئەستە ساقلايدۇ، تارىخنىڭ بۇ بېتى خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

كەلگۈسىدىكى كۈنلەردە قەيسەر، باتۇر بولۇپ، مەنىلىك ھەم ئەھمىيەتلىك ياشىساق، بۇ، قازا قىلغانلارنى ئەڭ چوڭقۇر ياد ئېتىشتۇر؛ ياشلار بىلەن پېشقەدەملەر بىرلىكتە مىللەتنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ، قانچە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانسېرى شۇنچە جاسارەتكە تولىدىغان كۈرەش ئىرادىسى ۋە ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىدىغان ئۈمىد بىلەن دۆلەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولساق، بۇ، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بېرىلگەن ئەڭ سەممىي تەسەللىدۇر.

خەلق ھەممىدىن ئەلا! ھاياتلىق ھەممىدىن ئەلا! بۇ نىشان ئۈچۈن بىز بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، مەڭگۈ ئالغا ئىلگىرىلەيمىز.

**(مۇخبىر يۈ ۋېنجىڭ، لىن خۇي، يۈ پېي، مېڭ جىڭ، چيۇ بىڭچىڭ، لى جېڭ، لى مېڭشىن، چېن بىن، تەي سىسۈڭ)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4-ئاينىڭ 4-كۈنى تېلېگراممىسى)**